# ئى ئۇسامە! ئۇنى: «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۇھەينە قەبىلىسىدىن ھۇرەقە جەمەتىگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەلىرىگە سەھەر ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. بىر ئەنسارى بىلەن ئىككىمىز بىر ئادەمنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئارىغا ئېلىۋالغان چېغىمىزدا، ئۇ: لائىلاھە ئىللەللاھ «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق»، دېۋىدى، ئەنسارى توختىدى، لېكىن مەن نەيزەم بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ: ئى ئۇسامە! ئۇنى: «لائىلاھە ئىللالاھ» دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۇ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى، دېگىنىمدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى. ھەتتا مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: شۇ كۈندىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولمىغان بولسامچۇ! دەپ كەتتىم. يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «لا ئىللاھە ئىللەللاھ» دەپ تۇرسا ئۆلتۈرىۋەتتىڭمۇ؟ دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قورالدىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن تۇرسا؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: چىن دىلىدىن دېدىمۇ ياكى قورقۇپ دېدىمۇ، سەن بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ باقتىڭمۇ؟! دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغانىدى، مەن ئۆز-ئۆزەمگە: بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمان بولمىغان بولسامچۇ، دەپ كەتتىم. جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر توپ مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا مۇسۇلمانلاردىن بىر قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار جەڭگاھ تۈزۈپ جەڭ باشلاندى، مۇشرىكلاردىن بىرى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن خالىغىنىنى پەيلەپ تۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى «بىز ئۇنى ئۇسامە شۇ دەيتتۇق» ئۇنى ئۇشتۇمتۇت تۇتىۋېلىپ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىچىنى كۆتۈرگەندە ئۇ: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، دېدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن جەڭ توغۇرلۇق سورىغان ئىدى، ئۇ كىشى جەڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بەردى ۋە بۇ ۋەقەلىكنىمۇ بايان قىلىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىنى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ؟ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ مۇسۇلمانلارغا كۆپ تالاپەت يەتكۈزدى، پالانچى، پالانچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ بىر قانچە كىشىنى ساناپ بەردى، ئۇ: مەن ئۇنى تۇتىۋالغاندا قىلىچنى كۆرۈپ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېدى، دېگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە، دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: قىيامەت كۈنىدە ئۇ لا ئىلاھە ئىللەللاھ، دېگەن سۆز بىلەن كەلسە سەن نېمەمۇ قىلارسەن؟ دېدى. ئۇ كىشى ئى رەسۇلۇللاھ ماڭا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسىلا، دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: قىيامەت كۈنىدە ئۇ: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، دېگەن سۆز بىلەن كەلسە سەن نېمەمۇ قىلارسەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: قىيامەت كۈنىدە ئۇ: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، دېگەن سۆز بىلەن كەلسە سەن نېمەمۇ قىلارسەن؟ دېگەن بۇ سۆزنى كۆپ تەكرارلىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [مۇسلىم بۇ ھەدىسنى ئىككى ئىسنادتا رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامە ئىبنى زەيدنى بىر قوشۇنغا قۇماندان قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار گىرەلىشىپ جەڭ قىلدى، شۇ ئارىدا مۇشرىكلاردىن بىرى قاچتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇسامە ۋە بىر ئەنسارى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلىدى، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغاندا ئۇ مۇشرىك: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېدى. ئەنسارى بولسا: ئۇ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قولىنى تارتتى، ئەمما ئۇسامە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار مەدىنىگە قايتقاندا بۇ خەۋەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتتى. رەسۇلۇللاھ

ئۇسامەگە: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسىمۇ ئۆلتۈرۋەتتىڭمۇ؟ دېگەندە. ئۇسامە: شۇنداق، ئەمما ئۇ ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق دېدى، ئى رەسۇلۇللاھ، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسىمۇ ئۆلتۈرۋەتتىڭمۇ؟ دېگەندە. ئۇسامە: شۇنداق، ئەمما ئۇ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن، ئۇ مۇسۇلمانلاردىن كۆپ كىشىلەرنى يارىلاندۇردى، پالانچى پالانچىلارنى ئۆلتۈرۋەتتى، دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن بۇنداق جەزىملەشتۈرگۈدەك ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ باققانمىدىڭ؟ قىيامەت كۈنىدە ئۇ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ كەلسە سەن نېمىمۇ قىلارسەن، ئۇ كۈندە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ كەلسە، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتقان كىشىنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردۈڭ دەپ سورالساڭ، كىم ساڭا شاپائەت قىلار، كىم سىنى قوغدا ۋە مۇداپىئە قىلار، دېدى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن بۇندىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولماي، بۈگۈن مۇسۇلمان بولغان بولسامچۇ، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولماي بۈگۈن ئىسلامغا كىرگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇ، بۇ قىلمىشنى مۇسۇلمان تۇرۇپ قىلغان. شەرئەت قائىدىسىدە: مۇسۇلمان بولۇش، ئىلگىرى قىلىنغان گۇناھلارنىڭ تاماميسىنى يۇيىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4816

النجاة الخيرية ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية EDC E-Da'wah Committee